# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى

(بېشى 7 ـ بەتتە)

**3 ـ پاراگراف كارخانا يېڭىلىق يارىتىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات سۇپىسى، پەن ـ تېخنىكا دوكلاتى، پەن ـ تېخنىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنى كارخانىلارغا يەنىمۇ ئېچىۋېتىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مالىيە مەبلىغىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق يارىتىلغان پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەشكەن، بازارلاشقان تېخنىكا كۆچۈرۈش ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. يېڭىلىق يارىتىشقا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق مەدەتكار بولۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، پەن ـ تېخنىكا سۇغۇرتىسى قاتارلىق پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش قەرزى ئۆچۈن خەۋپ تولۇقلىمىسى بېرىشنى سىناق قىلىش لازىم. پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدە پىيىنى بازارغا سېلىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بازىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئاساس قىلىش خاسلىقىنى كۆچەيتىپ، 2 ـ بازارنىڭ يېتىلىۋاتقان يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىگىلىك تىكلەش كارخانىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پەرىشتە سېلىنمىسى، ئىگىلىك تىكلەش سېلىنمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش فوندى ۋە خۇسۇسىي پاي ھوقۇقى سېلىنما فوندىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

## 6 ـ باب ئىختىساسلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

ئەمگەككە، بىلىمگە، ئىختىساسلىقلارغا، ئىجادىيەتكە ھۆرمەت قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈش تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى ھەر تەرەپلىمە يېتىلدۈرۈپ، كىرگۈزۈپ ۋە ئۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ بىرىنچى بايلىقلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**1 ـ پاراگراف يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساسلىقلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈش**

ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈش قانۇنىيىتى ۋە پەن تەتقىقات پائالىيىتى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى، پەن ـ تېخنىكا باشلامچى ئىختىساسلىقلىرى ۋە يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە ياش پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى زاپاس قوشۇنى بەرپا قىلىپ، مۇھەم پەن ـ تېخنىكا ۋەزىپىلىرى ۋە زور يېڭىلىق يارىتىش بازىلىرى ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە بايقاپ، پوستدوكتور يېڭىلىق يارىتىش ئىش ئورنى تەسىس قىلىشنى قوللاش كېرەك. ئىجادچان، ئەمەلىيەتچىل، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىلىم يېڭىلاش قۇرۇلۇشى ۋە ماھارەت ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىنژېنېرلار ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى زورايتىش لازىم. ئاساس پەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە قاتارلىق ئاساس پەن بازىلىرى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىنى قۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ ئوچۇق ئىختىساسلىقلار سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار جەم بولغان پەن تەتقىقات، يېڭىلىق يارىتىش يۈكسەكلىكى بەرپا قىلىش لازىم. ئىشلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۆچۈن جۇڭگوغا كەلگەن چەت ئەللىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلار ۋە كەسپىي ئىختىساسلىقلارغا قارىتىلغان تۇرۇش، ئولتۇراقلىشىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت ئەللىكلەر جۇڭگودا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخنىك كۆچمەن تۈزۈمى ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەك. مائاش ـ تەمىنات، پەرزەنت تەربىيەسى، ئىجتىمائىي كاپالەت، باجدا ئېتىبار بېرىش تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ جۇڭگودا ئىشلىشى ئۆچۈن خەلقئارا رىقابەت كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئىختىساسلىقلارنى ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش**

ئىختىساسلىقلارنى باھالاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، سۈپىتى، ئۈنۈمى، تۆھپىسى يېتەكچى قىلىنغان پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى باھالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىلىم، تېخنىكا قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش ئامىللىرىنىڭ قىممىتى تولۇق گەۋدىلىنىدىغان پايدا تەقسىم قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىش كېرەك. باشلامچى ئىختىساسلىقلار ۋە سەرخىل ئىختىساسلىقلارنى ياخشى تاللاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ تېخنىكا لۇشيەنى بېكىتىش ھوقۇقى ۋە خىراجەت ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىش لازىم. پەن تەتقىقات خادىملىرىغا قويۇلغان چەكلىمىلەرنى ھەر تەرەپلىمە بوشىتىپ، پەن تەتقىقاتنى باشقۇرۇش «يېشىل يولى»نى كېڭەيتىش كېرەك. بىلىم قىممىتىنى ئاشۇرۇش يۆنىلىش قىلىنغان تەقسىمات سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنى ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك كەشپىيات نەتىجىسى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىغا ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بېرىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرى بەھرىمەن بولىدىغان پايدا نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئاكادېمىكلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

**3 ـ پاراگراف يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاش**

يېڭى دەۋر ئالىملار روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پەن تەتقىقات سەممىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا ئەخلاقى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. كارخانىچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە يېڭىلىق يارىتىش پايدىسىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، كارخانىچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يۆنىلىشىنى ئىگىلەش، ئىختىساسلىقلارنى توپلاش، مەبلەغ ئەمەلەش جەھەتلەردىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش ئىشلىرىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىگىلىك تىكلەش ـ يېڭىلىق يارىتىش بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش لازىم. كەسپىي قەدىرلەش، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، ئۆزىنى ئاتاش، مەغلۇبىيەتكە كەڭ قورساق بولۇشتەك يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىگىلىك تىكلەش مەدەنىيىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، خاتالىقنى سىناش ـ ئەپۇ قىلىش ـ تۈزىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىلىم ـ پەن روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشتىياقىنى يېتەكلەپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، ئىلىم ـ پەننى سۆيىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۇلۇغلايدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئىلىم ـ پەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

## 7 ـ باب پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى پىلانلاش سىستېمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، نۇقتىلىق ساھەلەردە تۈر، بازا، ئىختىساسلىقلار ۋە مەبلەغنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەقسىملەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف پەن ـ تېخنىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

پەن ـ تېخنىكىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ، يىرىك پىلان، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇھىتى بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىپ، پۇل بۆلۈش، مۈلۈك ئايرىش، تۈر بېكىتىش قاتارلىق شەكىللەردە بىۋاسىتە ئارىلىشىشنى ئازايتىش كېرەك. مالىيەنىڭ پەن تەتقىقات سېلىنمىسى تۈزۈلمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەبلەغنى نۇقتىلىق ھالدا ئىستراتېگىيەلىك، ھالقىلىق ساھەلەرگە سېلىپ، تارماقلار ئايرىم، كىچىك ۋە تارقاق بولغان ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم. زور پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، باش تېخنىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە «ئېلان چىقىرىپ باشلامچى تاللاش»، «رىقابەتلەشتۈرۈش» تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، مۇكاپات بىلەن تولۇقلىما بىرلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ ئارقىلىق قوللاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا باھالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەركىن ئىزدىنىش تىپى ۋە ۋەزىپە يۆنىلىشى تىپىدىكى پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى تۈر بويىچە باھالاش تۈزۈمىنى مۇ‌كەممەللەشتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشسىز پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى باھالاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا مۇكاپات تۈرلىرىنى ياخشىلاش لازىم. پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ زامانىۋى تەتقىقات ئورنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن تەتقىقات كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ تېخىمۇ جانلىق ئىشتات، ئىش ئورنى، مائاش قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قوللاش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش بايلىقى ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، كارخانىلار ئارا ئەركىن، تەرتىپلىك يۆتكىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىسلاھاتى سىنىقىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ـ ئىشلىتىش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۈچلۈك دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قاتتىق قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ساھە، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىگە دائىر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنىنى چىقىرىشنى تېزلىتىش لازىم. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قوغداش ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، كىسىم، مۇرەسسە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋە ھوقۇق قوغداش ياردىمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېقىلغانلاردىن جازا خاراكتېرلىك تۆلەم ئېلىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، زىيان تۆلىمى سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پاتېنتقا دائىر ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، مۇكاپاتلاش سىياسىتى ۋە سىناش ـ باھالاش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، يۇقىرى قىممەتلىك پاتېنتنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، پاتېنت كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەت تەقسىمات مېخانىزمى ئىسلاھ قىلىپ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش لازىم. شەكىلسىز مۈلۈكنى باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلھام بېرىش بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ماسلاشتۇرۇلغان باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ـ ئىشلىتىش ئاممىۋى مۇلازىمەت سۈپىسى قۇرۇش لازىم.

**3 ـ پاراگراف پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ئېچىۋېتىش ـ ھەمكارلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش**

تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ھەممەھرلىنىدىغان خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، دۇنياۋى يېڭىلىق يارىتىش تورىغا تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزلىشىش كېرەك. دۇنياۋى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى، ئىنسانىيەت ساغلاملىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەرقايسى دۆلەت پەن تەتقىقات خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ يارىتىش لازىم. خەلقئارالىق چوڭ ئىلىم ـ پەن پىلانى ۋە چوڭ ئىلىم ـ پەن قۇرۇلۇشلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن لايىھەلەپ ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلىم ـ پەن فوندىنىڭ ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دۆلەت پەن ـ تېخنىكا پىلانىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىر تۈركۈم زور پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرلىرىنى باشلاپ، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنگەن ئىلمىي تەتقىقات فوندى قۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئالىملار ئالاقىسى پىلانىنى يولغا قويۇش لازىم. دۆلىتىمىز چېگراسى ئىچىدە خەلقئارالىق پەن ـ تېخنىكا تەشكىلاتى قۇرۇشنى، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي تەشكىلاتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتۈشىنى قوللاش كېرەك.

## 3 ـ قىسىم زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىش

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەلىي ئىقتىسادنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلەتنى، سۈپەت كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋى ياسىمىچىلىق بىلەن زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇل ئەسلىھەنىڭ تىرەكلىك، يېتەكچىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە، ئادەم كۈچى بايلىقى ماس تەرەققىي قىلىدىغان زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

## 8 ـ باب ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش

مۇستەقىل، تىزگىنلىنىشچان، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ ئاساسىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ياسىمىچىلىق سالمىقىنى ئاساسەن مۇقىم ساقلاپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى كۈچەيتىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

**1 ـ پاراگراف كەسىپلەرنىڭ ئاساسىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش**

كەسىپكە قايتا ئاساس سېلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئۇللۇق دېتال ـ زاپچاس ـ بۆلەك، ئۇللۇق يۇمشاق دېتال، ئۇللۇق ماتېرىيال، ئاساسىي ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە كەسىپ تېخنىكىسى ئاساسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بوغما ھالەت ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى تېزدىن تولۇقلاش كېرەك. ساھە باشلامچى كارخانىلىرىغا تايىنىپ، مۇھىم مەھسۇلات ۋە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىنژېنېرىيەلەشتۈرۈپ ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. مۇھىم تېخنىكا ـ جابدۇق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە خەۋپ تولۇقلىمىسى بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۇنجى (يۈرۈش) جابدۇق، تۇنجى تۈركۈم ماتېرىيال، تۇنجى نەشردىكى يۇمشاق دېتاللارنى ئۆلگە كۆرسىتىپ قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. كەسىپ ئاساسى تىرەك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەرگە بىر تۈركۈم دۆلەت ياسىمىچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىش مەركەزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىشلىتىش ـ ئۆلگە كۆرسىتىش سۇپىسى ۋە ئۆلچەم، مىقدار، دەلىللەش، ئېتىراپ قىلىش، پىرىيوم ـ كارانتىن قىلىش، سىناش، تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش قاتارلىق كەسىپ تېخنىكىسى ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق سانائەت ئۇل سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

ئىقتىسادچىللىق بىلەن بىخەتەرلىكنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىق شەكىللەندۈرۈپ، تەمىنات زەنجىرىنى ئىستراتېگىيەلىك لايىھەلەش ۋە دەل جايىدا تەدبىر كۆرۈشنى كەسىپلەر بويىچە ياخشى ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئاشۇرما قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ بىخەتەر، ئىشەنچلىك كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ياسىمىچىلىق زەنجىرىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بايلىق، تېخنىكا، جابدۇق تىرىكىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا كەسىپ بىخەتەرلىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەسىپلەرنىڭ كۆلەم ئەۋزەللىكى، يۈرۈشلۈك بولۇش ئەۋزەللىكى ۋە قىسمەن ساھەلەردىكى ئالدىن يارىتىش ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، ئېلېكتر جابدۇقى، يېڭى ئېنېرگىيە، كېمىسازلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى تولۇق كەسىپ زەنجىرلىك رىقابەت كۈچىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئاشۇرۇپ، كەلگۈسى كەسىپ ئۆزگىرىشى يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن پۈتۈن مەھسۇلاتلاردىن تۇتۇش قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك، ئومۇمىيەتلىك كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىش كېرەك. رايونلۇق كەسىپ زەنجىرى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ياخشىلاپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى دۆلەت ئىچىدە قېلىشقا يېتەكلەپ، ئوتتۇرا ـ غەربىي رايونلار ۋە شەرقىي شىمال رايونىنىڭ يۆتكەلمە كەسىپلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زاپاس قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كاپالەت بازىسى قۇرۇش كېرەك. باشلامچى كارخانا يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك يېتەكچى كۈچ ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەخسۇسلىشىش ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، كەسپىي، ئۈنۈملۈك، ئۆزگىچە، ئىجادچان «كىچىك گىگانت» كارخانىلار ۋە ياسىمىچىلىقتىكى يەككە تۈر چېمپىيون كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. تېخنىكا ئىقتىسادنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، كەسىپ رىقابەت كۈچىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف ياسىمىچىلىقنىڭ سەرخىللىشىشى، دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇش**

ئاقىل ياسىمىچىلىق ۋە يېشىل ياسىمىچىلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، مۇلازىمەتچان ياسىمىچىلىق يېڭى ئەندىزىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىشىشى، ئاقىللىشىشى ۋە يېشىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. زامانىۋى ياسىمىچىلىق توپى شەكىللەندۈرۈپ، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولى، ئاۋىياتسىيە ـ ئالەم قاتنىشى، كېمە ـ پاراخوت ۋە دېڭىز ـ ئوكيان قۇرۇلۇش جابدۇقى، ماشىنا ئادەم، ئىلغار رېلىسلىق قاتناش جابدۇقى، ئىلغار ئېلېكتر ئېنېرگىيە جابدۇقى، قۇرۇلۇش ماشىنىسى، رەقەملىك ئالىي ئىستانوك، تېببىي دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نېفىت خىمىيە، پولات ـ تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قاتارلىق خام ماتېرىيال كەسىپلىرىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلات تەمىناتىنى كۆپەيتىپ، خىمىيە سانائىتى، قەغەزچىلىك قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ياسىمىچىلىقنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش مەخسۇس تۈرىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىلغار يارامىلىق تېخنىكىلارنى ئىشلىتىشى، ئۈسكۈنە يېڭىلاشنى كۈچەيتىشى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى كۆلەملىك ئىشلىتىشكە ئىلھام بېرىش لازىم. ئاقىل ياسىمىچىلىق ئۈلگە زاۋۇتلىرى قۇرۇپ، ئاقىل ياسىمىچىلىق ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سۈپەت ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ياسىمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈر كۆپەيتىشى، سۈپەت ئۆستۈرۈشى، ماركا يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

**4 ـ پاراگراف ياسىمىچىلىقنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش**

ئامىل كاپالىتى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، باج كېمەيتىش ـ ھەق تۆۋەنلىتىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ياسىمىچىلىقنى يەرلىكلەشتۈرۈش ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سانائەت يېرىنىڭ سىغىمى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، يېڭىچە كەسىپ يېرى ئىشلىتىش ئەندىزىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. ياسىمىچىلىققا بېرىلىدىغان ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز، ئىناۋەتلىك قەرز كۆلىمىنى زورايتىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرزىنى كۆپەيتىپ، پاي ھوقۇقى سېلىنمىسى، ئاكسىيە ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ياسىمىچىلىققا مايىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بارلىق ياسىمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بازار سودىسىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىپ، پورت سۇ ترانسپورتى، تاشيول، تۆمۈريول ترانسپورتى قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان ئەشيا ئوبوروتى ھەققىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تۆۋەنلىتىپ، كارخانىلارغا چېتىشلىق ھەق تۈرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. چوڭ ـ چوڭ ياسىمىچىلىق تۈرلىرىگە تولۇق جەريانلىق مۇلازىمەت قىلىش مېخانىزمى ۋە كارخانىچىلارنى كارخانىغا چېتىشلىق سىياسەت تۈزۈشكە قاتناشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۇچۇر، تېخنىكا، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرى ۋە رەقەملەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇشنى قوللاش كېرەك.

4 ـ جەدۋەل ياسىمىچىلىقنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش

| | |
|---|---|
| 01 | ئالىي يېڭى ماتېرىيال<br>يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئالىي سىرەك ماتېرىيالى، يۇقىرى سۈپەتلىك ئالاھىدە پولات ماتېرىيالى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق قېتىشما، يۇقىرى ھارارەتلىك قېتىشما، يۇقىرى ساپلىقتىكى كەم ئۇچرايدىغان مېتال ماتېرىيالى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق ساپال، ئېلېكترونلۇق ئەينەك قاتارلىق ئىلغار مېتال ۋە ئانئورگانىك مېتاللوئىد ماتېرىياللىرىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، كاربونلۇق تالا، ئاروماتىك تالا قاتارلىق يۇقىرى ئىقتىدارلىق تالا ۋە ئۇنىڭ بىرىكمە ماتېرىيالى، بىيو رادىكال ۋە بىيو تېببىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە ئىشلىتىشنى كۈچەيتىپ، سكلوپېنتادىئېنلىق مېتال پولىستىرېن قاتارلىق يۇقىرى ئىقتىدارلىق دېۋرقاي ۋە توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولىغا ئىشلىتىلىدىغان ئويۇش يېلىمى قاتارلىق يۇقىرى ساپلىقتىكى ئېلېكترونلۇق ماتېرىيال ھالقىلىق تېخنىكىلىرىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. |
| 02 | مۇھىم تېخنىكا ـ جابدۇق<br>CR450 يۇقىرى سۈرئەت دەرىجىسىدىكى جۇڭگو ئۆلچىمىدىكى ئوق پويىز گۇرۇپپىسى، دەرىجىگە ئايرىلغان جۇڭگو ئۆلچىمىدىكى مېترو پويىزى، ئالىي ئىستانوك جابدۇقى، ئىلغار قۇرۇلۇش ماشىنىسى، يادرو ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ھالقىلىق بۆلەكلىرى، پاراخوت، چوڭ تىپتىكى LNG پاراخوتى ۋە چوڭقۇر دېڭىز نېفىت ـ گاز ئىشلەپچىقىرىش سۇپىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، C919 تىپلىق چوڭ يولۇچى ئايروپىلانىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ تىجارەتكە سېلىش ۋە ARJ21 تىپلىق تارماق لىنيە يولۇچى ئايروپىلانىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. |
| 03 | ئاقىل ياسىمىچىلىق ۋە ماشىنا ئادەم تېخنىكىسى<br>چاچما كونترول سىستېمىسى، پىروگراممىلىنىدىغان لوگىكىلىق كونتروللىغۇچ، سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە سىنلىق نازارەت قىلىش سىستېمىسى قاتارلىق سانائەت كونترول قۇرۇلمىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ياساپ، ئىلغار كونتروللىغۇچ، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى مۇلازىمەت قوزغىتىش سىستېمىسى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئاستىلاتقۇچ قاتارلىق ئاقىل ماشىنا ئادەم ھالقىلىق تېخنىكىلىرىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم. ماتېرىيال كۆپەيتىپ ياساشنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. |
| 04 | ئاۋىياتسىيە موتورى ۋە گاز تۇربىنىسى<br>ئىلغار ئاۋىياتسىيە موتورى ھالقىلىق ماتېرىيالى قاتارلىق تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنى تېزلىتىپ، يۇقىراۋى چوڭ تۇربىنا چاقپەلەكلىك موتور CJ1000 مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ گەۋدىلىك ئايروپىلان موتورى ھالقىلىق تېخنىكىسىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئىلغار يۇقىراۋى ئوقلۇق تۇربىنىلىق موتورنى كەسىپلەشتۈرۈش لازىم. شاڭخەيدىكى ئېغىر تىپتىكى گاز تۇربىنىسى سىناق ئېلېكتر پونكىتىنى قۇرۇش كېرەك. |
| 05 | بېيدوۋ سىستېمىسىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش<br>خەۋەرلىشىش بىلەن يول باشلاشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، بېيدوۋ سىستېمىسىنى قوللىنىش كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش سۇپىسى قۇرۇپ، خەۋەرلىشىش، پۇل مۇئامىلە، ئېنېرگىيە، خەلق ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق ساھەلەردە تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، بېيدوۋ سىستېمىسىنىڭ ئاپتوموبىل يول باشلاش ئۈسكۈنىسى، ئاقىل يانفون، كىيىش ـ تاقاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق ئىستېمال ساھەلىرىدە بازارلىشىپ، كۆلەملىشىپ ئىشلىتىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. |
| 06 | يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل ۋە ئاقىل (تورلاشقان) ئاپتوموبىل<br>يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلنىڭ يۇقىرى بىخەتەرلىكتە ھەرىكەتلەندۈرۈش باتارېيەسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قوزغىتىش ئېلېكترو ماشىنىسى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق ھالقىلىق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئاقىل (تورلاشقان) ئاپتوموبىل ئۇل تېخنىكا سۇپىسى ۋە يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال سىستېمىسى، لىنىيەلىك تىزگىنلىنىدىغان تەگلىك ۋە ئاقىل تېرمىنال قاتارلىق ھالقىلىق بۆلەكلىرىنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ ياساش كېرەك. |
| 07 | ئالىي تېببىي جابدۇق ۋە ئىجادىي دورا<br>سېلوسكوپلۇق ئوپېراتسىيە ماشىنا ئادىمى، بەدەن سىرتىدىن پىلىونكىلىق ئۆپكە ئارقىلىق ئوكسىگېنلىغۇچ قاتارلىق يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئالىي رېنتگېن، رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۇنىڭ ھالقىلىق بۆلەكلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش لازىم. مېڭە قوزغاتقۇچ، تولۇق يىمىرىلىدىغان قان تومۇر تىرىكى قاتارلىق كىرگۈزمە ـ ئورناتما مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قوشۇمچە سايمانلىرىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەل ۋاكسىنلىرىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىپ، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىرىنى داۋالايدىغان ئالاھىدە شىپالىق دورىلارنى ياساش كېرەك. جۇڭگو تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكا ـ جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. |
| 08 | يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇقلىرى<br>چوڭ ئات كۈچلۈك ئاقىل تىراكتور، نازۇك (ئاغدۇرۇش ھاجەتسىز) سېيالكا، بالداقلىق تۇمانلاتقۇچ، چۆنەك ئېچىپ ئوغۇتلىغۇچ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كومباين، كۆكتات كومباينى، شېكەر قومۇش كومباينى، پاختا كومباينى قاتارلىق ئىلغار يارامىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىپ، ئېدىرلىق ـ تاغلىق رايون يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئىلغار ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاش جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. يېشىل، ئاقىل باقمىچىلىقتا يەم بېرىش، مۇھىتنى تىزگىنلەش، يىغىش، قىغدىن پايدىلىنىش جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش كېرەك. ئورمان ئەھيا قىلىش، ئوتلاق بەرپا قىلىشقا ئالاقىدار ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى تەتقىق قىلىپ ياساش كېرەك. |

(ئاخىرى 9 ـ بەتتە)